# ئەۋلادلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ نامازنى ئادا قىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا ئاساسەن ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار

ئەمرۇ بىن شۇئەيىپ ئاتىسىدىن ئاتىسى چوڭ ئاتىسىدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەۋلادلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ نامازنى ئادا قىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا ئاساسەن ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار».

[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتنى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتتە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاتىلارغا قىز-ئوغۇل ئەۋلادلىرىنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇشنى ۋە نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىلىشكە ئېھتىياجلىق بولغان بىلىملەرنى ئۆگۈتۈش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇلار ئون ياشقا يەتكەندە بۇيرۇق تېخىمۇ كۈچلەندى، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىم قىلىش، نامازنى ئادا قىلمىغانلىقىغا ئاساسەن ئەدەپلەش.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5272